# ھەجنى قانداق چۈشىنىشىمىز لازىم؟

[ئۇيغۇرچە]

## كيف نفهم الحج؟

[باللغة الأويغورية]

ئەلى رىزا دېمىرجان

علي رضا دميرجان

المترجم: ع.قاراقاش

تەرجىمە قىلغۇچى: ئا.قاراقاش

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1428 – 2007

islamhouse.com

# ھەجنى قانداق چۈشىنىشىمىز لازىم؟

ئىسلام دىنى، پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە بارلىق گۈزەللىكلەرنىڭ مەنبەئى بولغان ئاللاھ تەئالانىڭ، ئىنسانلار ئۈچۈن بەلگۈلەپ بەرگەن ۋە پەيغەمبەرلىرى ۋاستىسى بىلەن ئەۋەتكەن ئىلاھى تۈزۈمىنىڭ ئىسمىدۇر. ھەج بولسا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەبلىغ قىلغان قۇرئان كەرىم بىلەن ئاخىرقى شەكلى بېرىلگەن «ئىسلام»نىڭ خۇلاسىسى، شۇنداقلا بۇ خۇلاسە، ئۆمۈرنىڭ خۇلاسىسى ھېساپلىنىدىغان ھەج كۈنلىرىدە نامايەن بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر.

ھەج ئىسلامنىڭ خۇلاسىسىدۇر. چۈنكى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە يارىتىلغان ئىنساننىڭ قەدەر سېنارىيىسىگە ئاساسەن شەكىللىنىدىغان يارىتىلىش جەريانى بىلىنمەستىن ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ خۇلاسىسى بولغان ھەجنى چۈشىنىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننىڭ يارىتىلىش جەريانىنى قۇرئان كەرىمگە ئاساسەن مۇنداق خۇلاسىلىيەلەيمىز:

ئاللاھ خەلىپە - ئىزباسار - بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغان دەسلەپكى ئىنسان - ئادەم-نى يارىتىدىغانلىقىنى پەرىشتىلەرگە بىلدۈردى. ئۇلار بولسا يەرشارىنى بۇزىدىغان، ئەڭ باشتا ئاساسلىق ھەق - ھوقۇقلار بىلەن ئەركىنلىكلەرنى ئاياغ - ئاستى قىلىدىغان ۋە قان تۆكىدىغان، قىسقىسى فىسقى - فۇجۇر ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر مەخلۇقنى ياراتماقچى بولىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ :«بىز ساڭا تەشەككۈر بىلدۈرىمىز ۋە سېنى پاك دەپ بىلىپ ئۇلۇغلايمىز»دەيدۇ. (بەقەرە سۈرىسى 30- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

شۇنداق قىلىپ ئاللاھ ئىنساننى ياراتتىدۇ ۋە پەرىشتىلەر تەرىپىدىن فىسقى - فۇجۇر ئىشلارنى قىلىدىغانلىق بىلەن سۈپەتلەنگەن ئىنسان «ئادەم» گە ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشلىرىنى پەرىشتىلىرىگە بۇيرۇيدۇ. پەرىشتىلەر ئارىسىدا ياشاۋاتقان ئىبلىس، جىدەل چىقىرىپ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا تۇپراقتىن يارىتىلغان ئادەمدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ھۆرمەت سەجدىسىگە بارمايدۇ. سەجدىگە بارمىغانلىقى ئۈچۈن تەنقىد قىلىنىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ ئىلاھىي ھۇزۇردىن ھەيدىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبلىسكە قىيامەت كۈنىگىچىلىك ياشاش ۋە دەۋا قىلغىنىدەك ئادەمنىڭ نەسلىگە ئېھتىرام سەجدىسىگە لايىق خالىس ۋە شۈكۈر قىلغۇچى قۇللار بولالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش رۇخسىتى بېرىلىدۇ. (ئەئراف سۈرىسى11-13 -ئايەتلەر)

ئاللاھ ئادەمنى ۋە جۈپتى ھەۋۋانى جەننەتكە قويۇپ، ئۇلارغا خالىغانلىرىچە يەپ - ئىچىشلىرىنى، ئەمما ئىبلىسنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقلىرى ۋە كۆرسىتىلگەن دەرەخكە يېقىنلاشماسلىقلىرىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىپادىسى بىلەن رەفەس قىلماسلىقلىرى (جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىكلىرى)نى بىلدۈردى. (بەقەرە سۈرىسى 25-27-ئايەتلەر)

ئىبلىس بولسا دەسلەپكى ئىجرائاتىنى باشلاپ ئادەم بىلەن ھەۋۋانى تەسىرى ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارغا ئىلاھى چەكلىمىنى ئۇنۇتتۇرىدۇ ۋە چەكلەنگە دەرەختىن يېگۈزىدۇ. يەنى رەفەس قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ تۇرىۋاتقان جەننەتتىن چىقىرىلىشلىرىغا سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە بىر- بىرىگە دۈشمەن بولغان ھالدا يەرشارىغا چۈشۈرىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىشارەتلىرىگە ئاساسەن ئادەم بىلەن ھەۋۋا مەككىدە - ئەرەفاتتا ھاياتقا قەدەم باسقان بولسا، ئىبلىس مىناغا يەرلىشىدۇ ۋە نەسلىنى كۆپەيتىدۇ. ئادەم بىلەن ھەۋۋا بولسا قىلغان خاتالىقلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلىدۇ.

ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا ۋە ئۇلار ئارقىلىق پۈتۈن نەسلىگە پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئىسلام ھىدايىتى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ياشىغانلارغا قورقۇنچ ۋە ئىچ - پۇشۇق تارتمايدىغانلىقى ۋە جەننەت بىلەن مۇكاپاتلاندۇرۇلىدىغانلىقلىرى ۋەدە قىلىنىدۇ. ياراتقۇچىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تونۇپ تۇرۇپ، ئەمرلىرىنى يالغانغا چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىغانلارنىڭ بولسا جەھەننەملىك بولىدىغانلىقلىرى بىلدۈرۈلىدۇ (بەقەرە سۈرىسى28-29 -ئايەتلەر) ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى، دەسلەپكى ئىنسان ھاياتىغا ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە پەيغەمبەر قىلىنغان ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋاستىسى بىلەن كىرىدۇ.

بىز يۇقىرىدا خۇلاسىلەشكە تىرىشقان قۇرئان كەرىم ئىزاھاتلىرىدىن ئىنسانلارنىڭ تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەردىن مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا بولىدۇ:

1- ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بولغان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش.

2- يەرشارىدا بوزغۇنچىلىق قىلماسلىق، ھەق - ھوقوقلارنى ئاياغ ئاستى قىلماسلىق ۋە قان تۆكۈپ فىسقى - فۇجۇر ئىشلارنى قىلماسلىق.

3- ئىبلىسقا ئوخشاش ياراتقۇچىنىڭ ئەمرلىرىگە تەنقىدى پوزىتسىيە تۇتۇپ قارشى چىقىش ئارقىلىق جىدەل قىلماسلىق.

4- چەكلەنگەن «رەفەس»كە ئوخشىغان ئىلاھى ئەمرلەرگە زىت ھەرىكەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق جەننەتتىن چىقىرىلىشقا سەۋەب بولىدىغان شەيتانى تەلىماتلارغا قولاق سالماسلىق ۋە ئەمەل قىلماسلىق. سەھۋەن قىلىپ سالغاندا بولسا دەرھال تەۋبە قىلىش.

5- قەدەر پروگرامىسىغا ئاساسەن ئىنسانلارغا يامانلىق قىلىش بىلەن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ يولىدا ماڭىدىغان ئىنسان ۋە جىن شەيتانلارنى دۈشمەن بىلىش.

6- يۇقىرىدا خۇلاسىلەنگەنلەردىن باشقا ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن ئۇنى ناپاك سۈپەتلەردىن پاك دەپ بىلىپ، ئۇنى ئۇلۇغلاپ، يارىتىلىش سەۋىبىمىز بولغان ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش.

يۇقىرىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەبەدىي جەننەتلىرىنى قولغان كەلتۈرۈش.

ھەج يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىسلامنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتمىلىرىنىڭ ياشىتىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەج، ئىسلامنىڭ خۇلاسىسىدۇر.

ئاللاھنىڭ، ئۆزىنى بىر دەپ بىلىدىغان قۇللىرى - مۇۋەھھىدلەر - ئۈچۈن ئىسلامنىڭ خۇلاسىسى ماھىيىتىدە قۇللىرىغا پەرز قىلغان ئىبادىتى بولغا ھەج، ئىھرامغا كىرىش بىلەن باشلايدۇ. ھەج قىلىش بىلەن ئەر كىشى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ رولىنى، ئايال كىشى بولسا ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ رولىنى ئالىدۇ. ئىھرام چەكلىمىلىرى بىلەن ئۇنىڭغا يارىتىلىش، جەننەتتىن چىقىرىلىش ۋە ئىبلىس بىلەن بىرلىكتە سۈرگۈن قىلىنىش جەريانلىرى خاتىرلىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ، ئىنسانلىق ھاياتى ۋە ۋەزىپىسى باشلىغان مەككە- مىنا، ئەرەفات سىزىقىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭغا جەننەتكە قايتىش ئۈچۈن يارىتىلىش مەقسىدى بولغان ئىبادەت - قۇلچىلىق - نىڭ پەقەتلا ئىسلام بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىق ھەقىقىتى ئۆگىتىلىدۇ.

ھەج، ئىھرامغا كىرىش بىلەن باشلاپ، ئىھرام چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا داۋاملاشتۇرىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن كۆرسىتىلگەن ئىھرام چەكلىمىلىرى رەفەس، فۇسۇق ۋە جىدەلدۇر. (بەقەرە سۈرىسى 197 -ئايەت).

رەفەس - كىشىنىڭ ئايالى بىلەن سۆيۈشىشى ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىشىدۇر.

فۇسۇق- ئاساسى قىلىپ ئېيتقاندا ئاللاھقا ئىسياندۇر، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماسلىقتۇر. خۇسۇسەن، ئاساسى ھەق - ھوقۇقلارنى ئاياغ ئاستى قىلىش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

جىدال - بولسا ئىبلىسقا ئوخشاش ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى ۋە چەكلىمىلىرىنى تەنقىد قىلىش؛ ئىجرائاتلىرىغا كېرەك يوقلۇقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتۇر.

بۇنىڭغا ئاساسەن ھەج قىلغان كىشى ئېھرامغا كىرىش ئارقىلىق ئاللاھ ئەۋەتكەن ئىسلام ھىدايىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە بۇ قوبۇل قىلىشنى سىمۋوللاشتۇرغان «تەلبىيە» بىلەن ھەجگە باشلىغان بولىدۇ.

فۇسۇق (فىسقى - فۇجۇر) دىن ساقلىنىش ئارقىلىق پەرىشتىلەرنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك يەر شارىدا ھەق - ھوقۇقلارنى ۋە ئەركىنلىكلەرنى ئاياغ - ئاستى قىلمايدىغانلىقىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا بوزغۇنچىلىق چىقىرىپ قان تۆكمەيدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئەڭ كىچىك بىر جانلىقنىمۇ ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىنى، ئۆسۈملۈكلەرنى يۇلمايدىغانلىقىنى ۋە بىر قىل چاغلىق بىر نەرسىمۇ يۇلمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇ، جىدەل - ماجرادىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئىبلىسقا ئوخشاش ماددىزىمچى كۆزقاراش بىلەن ياراتقۇچىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تەنقىد قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

ئېھرامدا تۇرغان مۇددەت ئىچىدە ئايالى بىلەن سۆيۈشۈش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت بولغان «رەفەس»تىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ ئىلاھى چەكلىمىنى ئۇنۇتۇپ، جەننەتتىن چىقىرىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش خاتالىقىنى ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ. يەنى ھەج قىلغان بىر مۇسۇلمان يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت ئاساسى ۋەزىپىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

كىشى ئېھرام چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش ئارقىلىق ھەجنىڭ دەسلەپكى ئاساسى شەرتىنى ئۇرۇنداش ئۈچۈن ئىنسانلىق ھاياتى باشلىغان «ئەرەفات»قا چىقىدۇ. ئۇنىۋېرسال رەۋىشتىكى بىر ئىنسانىيەت يىغىنى بولغان ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش ۋە قىيامەتتىكى يىغىلىشنىڭ بىر نامايەندىسى دېيىشكە بولىدىغان «ئەرەفات» ۋەقفىسى (ئەرەفاتتا تۇرۇش) گە ھازىر بولىدۇ.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ خوشخەۋىرىگە ئاساسەن پەرىشتىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىپ قان تۆكىدىغانلىقىنى گۇمانلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقى ئۈچۈن «ئەرەفات»تا ئاللاھنىڭ

پەرىشتىلىرىگە قارشى پەخىرلەنگەن بەندىلىرى ئارىسىغا كىرىدۇ.(بەقەرە سۈرىسى، 197-ئايەت )

ئادەم ۋە ھەۋۋا رولىدىكى كىشى «ئەرەفات»تىن كېيىن شەيتانلارنىڭ كاتتىۋېشى ئىبلىسنىڭ ئىدارە مەركىزى «مىنا»غا كېلىدۇ.

ئادەمنىڭ شەخسىيىتىدە ئىنسانغا ھۆرمەت سەجدىسى قىلىش بۇيرۇقىغا قارشى تۇرغانلىقى سەۋەبلىك رەجىم (تاشلىنىش)قا مەھكۇم قىلىنغان ئىبلىسقا، ئاللاھنى زىكرى قىلغان ھالدا ۋە ھەج ۋەزىپىلىرىدىن بىرىنى ئادا قىلىش نىيىتى بىلەن تاش ئاتىدۇ. (چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەرەفە (هارپى) كۈنى كەلگەندە ئۇلۇغ ئاللاھ رەھمىتى بىلەن ئاسماننى قورشايدۇ، ئەرەفاتتا توپلانغان قۇللىرى بىلەن پەرىشتىلەرگە قارشى پەخىرلىنىدۇ...) ( بەقەرە سۈرىسى 203 - ئايەت)

ئۇنى، كۆزگە ئىلمىگەن تۇپراقتىن كەلگەن ئادەم بالىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شېغىل تاشقا ئوخشاش يەنە تۇپراقتىن مەيدانغا كەلگەن بىر ماددا بىلەن تاشلايدۇ. ئىبلىسنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىنسانلارنى يامانلىققا مايىل قىلىش ئۈچۈن ۋەزىپىلەندۇرۇلگەن كىچىك ۋە چوڭ شەيتان سىمۋوللىرىغىمۇ تاش ياغدۇرىدۇ.

شەيتانلارنى تاش يامغۇرىغا تۇتۇش ئارقىلىق جىن شەيتانلىرىنىڭ ۋە شەيتانلاشقان ئىنسانلارنىڭ، پرىنسىپ ۋە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ دۈشمەن تۇتۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭماسلىققا ئاللاقىدار ئىلاھى بۇيرۇقنى، روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ھېس قىلغان ھالدا تەتبىقلىغان بولىدۇ ( بەقەرە سۈرىسى، 197-ئايەت) ۋە ياراتقۇچىسىنىڭ ئالدىدا جىدەلدىن ساقلىنىش تۇيغۇسى بىلەن تۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن كىشى ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭغا باغلىق شەيتانلارنى تاشقا تۇتۇپ، ئۇلارنى دۈشمەن بىلىش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ يەنە بىر ئاساسى ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان بولىدۇ.

ئاندىن كىشى، ھەجدىن بۇرۇنقى گۇناھلىرىدىن پاكلايدىغانلىق ئەقىدىسى بىلەن چاچلىرىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ ياكى قىسقارتىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەج قىلىش نېمىتىگە شۈكرى قىلىش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىدۇ. (ھەج سۈرىسى 28-29-ئايەتلەر).

ئۆزىدىكى ماھىيەتكە پەرىشتىلەرنىڭ ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشقا بۇيرۇلغۇدەك دەرىجىدە يارىتىلغان بىر مەۋجۇدىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئۇلۇغلۇقىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىيالىغانلىقىنىڭ ۋە جەننەتكە قايتىدىن كىرىشنىڭ پەقەتلا ئاللاھ تەئەلانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىش بىلەن مۇمكىن بولالايدىغانلىقى ئېتىقادى بىلەن

ئاللاھنىڭ بارلىقىنىڭ، بىرلىكىنىڭ ۋە رازىلىقىنىڭ سىمۋولى بولغان كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا باشلايدۇ.

ئاللاھقا ھەمدۇسانالار ئېيتقان، تەسبىھ ئېيتقان ۋە ئۇلۇغلىغان ھالدا قۇلچىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تاۋافقا باشلىغاندا قىلىدىغان تەكبىرلىك سالامى بىلەن مەسئۇل پەرىشتىلەرگە خۇسۇسى قۇلچىلىق كۆرۈنۈشىنى ئىزھار قىلىدۇ ۋە بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىدىغانلىقىغا دائىر قۇلچىلىق كېلىشىمنامىسى ئىمزالايدۇ. تاۋافى بىلەن ھاياتىنى ئىبادەت - قۇلچىلىق شۇئۇرى ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنىڭ تەدبىقاتىنى ئۆتكۈزىدۇ. كۆپلۈكنىڭ سىمۋولى بولغان تاۋافلىرى بىلەن بولسا بىر ئۆمۈر ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىدىغانلىق ھېسسىنى كۈچلەندۈرىدۇ. قۇلچىلىقىنى داۋاملاشتۇرالىشى ئۈچۈن كۆرسىتىشى لازىم بولغان سەۋرىنىڭ تەلىم - تەربىيەسىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا قارا تەنلىك بىر دېدەك، شۇنداقلا سەۋر سىمۋولى بولغان ھاجەرنىڭ ماڭغان يوللىرىدا سەئيي قىلىشقا باشلايدۇ.

شۇنداق قىلىپ قۇلچىلىق شۇئۇرى ئىچىدە ياشايدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ۋىدا - خوشلىشىش - تاۋافىنى قىلىدۇ. ئاللاھقا ھەمدۇسانالار ئېيتىش، ئۇنى ھەرقانداق كەمچىلىك ۋە نوقسانلىقتىن پاك دەپ بىلىش ۋە ئاللاھنى ھەممىدىن ئۇلۇغ بىلىشتىن ئىبارەت ئاساسى ئىسلامي ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان ھالدا مەككىدىن ئايرىلىدۇ.

يۇقىرىدىمۇ دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەج ئىبادىتى، ئىسلامنىڭ خۇلاسىسى بولغان ھەج ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش بىلەن ئاللاھنىڭ ئىنسانغا يۈكلىگەن ئاساسلىق ۋەزىپىلەر ئۈچۈن، بىر پۈتۈن ئىسلامنىڭ ئاساسى مەقسىدى بولغان گۇناھلاردىن پاكلىنىپ جەننەتكە كىرىش بولغان نىشانغا يېتىشتىن ئىبارەت ئاساسى مەقسەتكە

يېتىشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. بۇ ھەقىقەت پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەربىيىدىنمۇ خوش خەۋەر بېرىلگەن.

ئاللاھ ھاجىلىرىمىزنىڭ قىلغان ھەجلىرىنى قوبۇل قىلسۇن، ھەج قىلالمىغانلىرىمىزنى ئەڭ يېقىن پۇرسەتتە ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن. بولۇپمۇ بىر ئۆمۈر تۇرمۇشلىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا مۇۋاپىق ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ھەج ئىبادىتىنى ياش - ئۆسمۈرلىرىمىزگىمۇ نېسىپ قىلسۇن. بۇ ھەقتە ئاتا - ئانىلىرىمىزغا ۋە چوڭلىرىمىزغا ھىدايەت ئاتا قىلسۇن. ئامىين!

جۈملىدىن بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىمۇ دۇنيادىكى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا ئوخشاش ھەج پائالىيىتىمىزنى نورمال ئۆز ئەركىنلىكىمىز بىلەن ئادا قىلالايدىغان پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلىشنى ئۇلۇغ ئاللاھتىن سورايمىز.